رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەج ۋىدا قىلغان
يىلى مەن ئېغىر كېسەل بولۇپ ياتقىنىمدا مېنى يوقلاپ كەلدى،
مەن: ئى رەسۇلۇللاھ كۆرۈپ تۇرۇپلا مەن ئېغىر كېسەلدە
تۇرۇپتىمەن، مېنىڭ ئېقتىسادىم بار ئادەم، ماڭا پەقەت بىرلا قىز
ماڭا مىراسخور بولىدۇ، ئۇنداق بولغان ئىكەن مېلىمنىڭ ئۈچتەن
ئىككى قىسمىنى سەدىقە قىلايمۇ؟ دېسەم. رەسۇلۇللاھ: ياق،
دېدى. مەن: يېرىمىنى سەدىقە قىلسام بولامدۇ؟ دېسەم.
رەسۇلۇللاھ: ياق، دېدى. مەن: ئۈچتەن بىرىنى سەدىقە
قىلسامچۇ؟ دېسەم. رەسۇلۇللاھ: ئۈچتەن بىرىنى قىل، ئەسلى
ئۈچتەن بىرىمۇ كۆپ، مىراسخورلىرىڭنى باي ھالدا قويغۇنۇڭ
ئۇلار كىشىلەردىن سەدىقە تىلەيدىغان دەرجىدە كەمبەغەل
قويغۇنۇڭدىن ياخشى، سەن ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئۈمىت
قىلىپ نېمىنى چىقىم قىلساڭ ساۋابقا ئېرىشىسەن، ھەتتا
ئايالىڭنىڭ ئاغزىغا بىر لوقما تاماق سەپ قويساڭمۇ ئۇنىڭ
ئۈچۈن ئەجرىگە ئېرىشىسەن، دېدى. مەن: ئى رەسۇلۇللاھ
ھەمراھلىرىم مەدىنىگە كەتتى، مەن ماڭالماي قېلىپ قالدىم،
دېسەم. رەسۇلۇللاھ: سەن ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئۈمىت
قىلىپ قانداق بىر ئىشنى قىلساڭ ئاخىرەتتە دەرىجە مەرتىۋەڭ
ئۆسىدۇ، مەككىدە قېلىپ قېلىشىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار سەندىن
مەنپەئەتلىنىپ، كاپىرلار سەندىن ئەرزىيەتكە ئۇچرىشى مۇمكىن،
دەپ رەسۇلۇللاھ ساھابىلەرگە دۇئا قىلدى: ئى ئاللاھ
ساھابىلەرنىڭ ھىجرىتىنى تاماملىسىلا ۋە ئۇنى قوبۇل قىلسىلا!
ئۇلارنى كەينىگە قايتۇرۇۋەتمىسىلە! بىراق بىچارە سەئد ئىبنى
ئەبى خەۋلە، دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

# ۋەسەللەم ئۇنىڭ مەككىدە ئۆلۈپ كەتكەنلىكىگە ئىچ ئاغرىتقان

سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەج ۋىدا قىلغان يىلى مەن ئېغىر كېسەل بولۇپ ياتقىنىمدا مېنى يوقلاپ كەلدى، مەن: ئى رەسۇلۇللاھ كۆرۈپ تۇرۇۋاتقىنىڭدەك مەن ئېغىر كېسەلدە تۇرۇۋاتىمەن، مېنىڭ ئېقتىسادىم بار ئادەم، ماڭا پەقەت بىرلا قىز ماڭا مىراسخور بولىدۇ، ئۇنداق بولغان ئىكەن مېلىمنىڭ ئۈچتەن ئىككى قىسمىنى سەدىقە قىلايمۇ؟ دېسەم. رەسۇلۇللاھ: ياق، دېدى. مەن: يېرىمىنى سەدىقە قىلسام بولامدۇ؟ دېسەم. رەسۇلۇللاھ: ياق، دېدى. مەن: ئۈچتەن بىرىنى سەدىقە قىلسامچۇ؟ دېسەم. رەسۇلۇللاھ: ئۈچتەن بىرىنى قىل، ئەسلى ئۈچتەن بىرىمۇ كۆپ، مىراسخورلىرىڭنى باي ھالدا قويغۇنۇڭ ئۇلار كىشىلەردىن سەدىقە تىلەيدىغان دەرىجىدە كەمبەغەل قويغۇنۇڭدىن ياخشى، سەن ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئۈمىت قىلىپ نېمىنى چىقىم قىلساڭ ساۋابىغا ئېرىشىسەن، ھەتتا ئايالىڭنىڭ ئاغزىغا بىر لوقما تاماق سەپ قويساڭمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەجرىگە ئېرىشىسەن، دېدى. مەن: ئى رەسۇلۇللاھ ھەمراھلىرىم مەدىنىگە كەتتى، مەن ماڭالماي قېلىپ قالدىم، دېسەم. رەسۇلۇللاھ: سەن ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئۈمىت قىلىپ قانداق بىر ئىشنى قىلساڭ ئاخىرەتتە دەرىجە مەرتىۋەڭ ئۆسىدۇ، مەككىدە قېلىپ قېلىشىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار سەندىن مەنپەئەتلىنىپ، كاپىرلار سەندىن ئەرزىيەتكە ئۇچرىشى مۇمكىن، دەپ رەسۇلۇللاھ ساھابىلەرگە دۇئا قىلدى: ئى ئاللاھ ساھابىلەرنىڭ ھىجرىتىنى تامامىلىسىلا ۋە ئۇنى قوبۇل قىلسىلا! ئۇلارنى كەينىگە قايتۇرۇۋەتمىسىلە! بىراق بىچارە سەئد ئىبنى ئەبى خەۋلە، دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ مەككىدە ئۆلۈپ كەتكەنلىكىگە ئىچ ئاغرىتقان

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەججەتۇل ۋىدادا ئېغىر بىتاپ بولۇپ يېتىپ قالدى ۋە ئۇ ئۆلۈپ كېتىشتىن ئەنسىرىدى. شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى يوقلاپ كەلگەن ئىدى، رەسۇلۇللاھ ساھابىلەرنى ھەر مۇناسىۋەتلەردە يوقلاپ تۇراتتى. سەئد پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىقتىسادىنىڭ كۆپ قىسمىنى سەدىقە قىلىۋېتىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ئى رەسۇلۇللاھ مېنىڭ كېسىلىم ئېغىرلىشىپ قالدى، بۇ كېسەلدە ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن، مەن بىر ئىقتىساد ئىگىسى، شۇنداقلا مېنىڭ بىر قىزىمدىن باشقا ھالىدىن ئەنسىرەيدىغان كۆپ مىراسخورلىرۇم يوق. بۇنداق بولغان ئىكەن ئاخىرەتلىكنى كۆزلەپ ئىقتىسادىمنىڭ ئۈچتەن ئىككىسىنى سەدىقە قىلسام بولامدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ياق، دېدى. سەئد: ئۇنداقتا ئى رەسۇلۇللاھ يېرىمىنى سەدىقە قىلسامچۇ؟ دېگەندە. رەسۇلۇللاھ: ياق، دېدى. سەئد: ئۈچتەن بىرىنى سەدىقە قىلسامچۇ؟ دېگەندە. رەسۇلۇللاھ: گەرچە ئۈچتەن بىرى كۆپ بولسىمۇ ئۇنچىلىك سەدىقە قىلساڭ بولىدۇ، دېدى. ئەمما تورتتەن بىرى ياكى بەشتەن بىرىنى سەدىقە قىلىپ قالغىنىنى باللىرىڭغا قالدۇرۇشۇڭ ئەۋزەل، دېدى. ئاندىن ئۇنى يەنى كۆپىنى قالدۇرۇپ ئازنى سەدىقە قىلىشنىڭ ھېكمىتىنى تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەپسىلى بايان قىلىپ بەردى. 1- باللىرىنى باشقىلارنىڭ خەيرى ئېھسانىغا تايىنىپ ياشايدىغان ھالدا قالدۇرغاندىن، مال-مۈلكىنى ئۇلارغا قالدۇرۇپ پەرزەنتلىرىنى كىشىلەرگە مۇھتاج قىلمىغان ئەۋزەل، دېدى. 2- مال-مۈلكىنى پەرزەنتلىرىگە قالدۇرغاندا ئۇلار شەرئەت كۆرسەتكەن يوللارغا چىقىم قىلسا، ھەتتاكى ئۆزىنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ بولغان نەپىقىلەرگە چىقىم قىلسىمۇ، ئايالىغا نەپىقە بەرسىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەجرىگە ئېرىشىدۇ، دېدى. ئاندىن سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى كۆزلەپ تەرك ئەتكەن ۋە ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كەتكەن مەككە شەھرىدە ئۆلۈپ كېتىپ ھىجرەتنىڭ ساۋابىدىن مەھرۇم قېلىشتىن ئەنسىرىگەن ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەئدىگە بۇ يەردە سەن ئىختىيارسىز قېلىپ ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ قانداق بىر ياخشى ئىشنى قىلساڭ ئاخىرەتتە دەرىجەڭ ئۆسىدۇ، دەپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ كېسىلى شىپا تاپىدىغانلىقى ھەققىدە خۇش خەۋەر بىرىپ، ئاللاھ تائالا سەئد ئارقىلىق مۆئمىنلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان، كاپىرلارغا زىيان يەتكۈزىدىغانلىقىنى دېدى. خۇددى راست سۆزلىگۈچى ۋە راست سۆز كەلتۈرۈلگۈچى زات خەۋەر بەرگەندەك سەئد كېسەلدىن ساقىيىپ پارىسلار بىلەن بولغان جەڭگە باش قۇماندان بولدى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بىلەن ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا پايدا يەتكۈزدى، ئۇنىڭ قولى ئارقىلىق كۆپ شەھەرلەر پەتھى قىلىپ مۇشرىكلار ۋە شېرىك ئەقىدىلەرنى يوقاتتى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھ تائالادىن بارلىق ساھابىلەرنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۈستۈن قىلىش، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنى قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى دىنىدىن ۋە ھىجرەت قىلىپ چىققان يۇرۇتتىن قايتۇرىۋەتمەسلىك ئۈچۈن دۇئا قىلدى. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت

قىلدى. بارلىق ھەمدۇ-سانا ۋە مىننەت ئاللا تائالاغا مەنسۇپ، ئۇلار بىلەن ئىسلامنى ئەزىز قىلغان ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانالار بولسۇن. ئاندىن سەئد ئىبنى خەۋلەنى تىلغا ئالدى، ئۇ بۇرۇنلا مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغانلاردىن بولۇپ ئەمدىلىكتە مەككىدە ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ مەككىدە ئۆلۈپ كەتكەنلىكىگە ئىچ ئاغرىتقان. ساھابىلار مۇھاجىرلارنىڭ مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئۇ يەرگە كېلىپ ئۆلۈپ كېتىشىنى ئېغىر سانايتتى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5885